SAINT MARY'S UNIVERSITY SINCE 1802 | WRITING CENTRE

One University. One World. Yours.

# ئاممىباب ئىلىم-پەن ماقالە يېزىقچىلىقى

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇتجان لىتىپ

© سائىنت مەريەم ئۇنىۋېرسىتېتى ، يېزىق مەركىزى 2017 -يىل

بۇ قوللانما پەقەت شەخسىي ئىشلىتىش ئۈچۈن، رۇخسەتسىز كۆپەيتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

كەسپىي بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ ھەممىشە ئۆزتەتقىقاتىنى كەسپ ئېگىسى بولمىغانلارغا، ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ۋە ئاۋامغا ئۆزتەتقىقاتىنى چۈشەندۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاممىباب ئىلىم يېزىقچىلىقى كەسپىي خادىملارنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە قىلىشىنىڭ ئورتاق ئۇسۇلى بولۇپ گېزىت-ژۇرناللاردىكى پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى خەۋەرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

## ئاممىباب ئىلىم-پەن يېزىقچىلىقى بىلەن ئىلمىي ياكى تېخنىكىلىق يېزىقچىلىقنىڭ پەرقى

ئاممىباب ئىلىم-پەن يېزىقچىلىقى ئىلمىي ياكى تېخنىكىلىق يېزىقچىلىقتىن ئاساسلىق ئىككى خىل ئۇسۇلدا پەرقلىنىدۇ:

**1. مەقسەت**

ئىلمىي يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى (مەسىلەن تەجرىبخانا دوكلاتى، ئىلمىي ماقالە) **ئۇقتۇرۇش** . بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ، ئاممىباب ئىلىم يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى **كۆڭۈل ئېچىش**.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ، ھەر ئىككى خىل يېزىش شەكلى **قايىل قىلىش** مەقسىتىدە بولىدۇ. ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇم بىر كۆز قاراش سانلىق مەلۇمات ياكى باشقا پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئاممىباب يېزىقچىلىقتا قايىل قىلىش كۆپىنچە «كىلىمات ئۆزگىرىشى»، « ۋاكسىنا ئەملەش» دېگەندەك تالاش-تارتىش تېمىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش بىلەن بولىدۇ.

**2. تاماشىبىنلار**

<u>1) ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق يېزىقچىلىق باشقا كەسپىي خادىملارغا قارىتىلغان.</u>

ئوقۇرمەنلەر بۇ تېمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆز تەتقىقاتى، خىزمىتى ياكى مائارىپى ئۈچۈن ئوقۇشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

<u>2) ئاممىباب ئىلىم-پەن يېزىقچىلىقى «ئادەتتىكى» كىشىلەرگە قارىتىلغان.</u>

ئىلىم-پەنگە قىزىقىدىغان، ئەمما بۇ ساھەدە بىلىمى بولمىغان، ياكى مەخسۇس شۇ تېمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئۇقۇمغا ئىگە بولمىغانلار ئوقۇشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېخمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن تېخنىكىلىق ئاتالغۇلار چوقۇم ئىزاھلىنىشى، پەننىي ئۇقۇملار تەپسىلىي شەرھىيىنىشى كېرەك.

## ئاممىباب ئىلىم ماقالىسىنىڭ تەركىبلىرى

**1. ماقالە مەزمۇنىغا كىرىشىش** (ئوقۇرمەنلەرنى داۋاملىق ئوقۇشقا جەلپ قىلىش)

ئاممىا ياكى تېمىدا مۇتەخەسسىس بولمىغانلار ماقالىنى بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقۇيدۇ. مەزكۇر ئوقۇرمەنلەرنى بوش ۋاقىتلىرىدا قىزىقتۇرۇپ ئۆزگە تارتىدىغان باشقا نۇرغۇن «كۆڭۈل ئېچىش» شەكىللىرى بار. شۇڭا ئاممىباب ماقالىنىڭ بېشىدىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تېز جەلپ قىلىش كېرەك. بۇنى «**ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە باغلاش** » دەپ ئاتىساق بولىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىشتا:

1) نەقىل بىلەن باشلاش. رومانلاردىكىگە ئوخشاش ، دىئالوگ بىلەن باشلاش ئەسلىدىنلا قىزىقارلىق.

2) ئوقۇش مۇھىتىنى تەڭشەش. ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ماقالە مۇھىتى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەپسىلاتلارنى چۈشەندۇرۇش.
3) بىر ھېكايە بىلەن باشلاش. ھېكايىلەر ئوقۇرمەنلەرنى چوقۇم جەلپ قىلىدۇ.
4) ئوقۇرمەنلەر «ۋاھ!» دەيدىغان ھەيران قالارلىق پاكىت ياكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن باشلاش.
5)ئاممىغا ئورتاق بولغان تەجرىبە ياكى ئاممىباپ كۆلتۈردىن پايدىلىنىش.

ئۈنىڭدىن باشقا ماقالە يېزىۋاتقاندا بىر دوست ياكى ئاتا-ئانىسىغا چۈشەندۈرىۋاتقاندەك پەرەز قىلىپ يېزىشنى ئۆكسىگە ئەڭ قىزىقارلىق بولغىنىدىن باشلاش.

**2. ماقالىنىڭ گەۋدىسى** ( قىزىقتۇرۇش خاھىشىنى ساقلاش)
ئىلمي ياكى تېخنىكىلىق يېزىقچىلىقتا مەسىلەن ئىلمي ماقالىلارنىڭ گەۋدىسىدە كۆپ قىسىم مەزمۇن ۋە ئۈچۈرلار بولۇپ ئوقۇرمەنلەر ستاتىستىكا ياكى سانلىق مەلۇماتلاردىن زېرىكىدۇ ياكى بېسىم ھېس قىلىپ قالىدۇ. شۇڭا. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى ماقالىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدە ساقلاپ قېلىش، تېخىمۇ جەلپكار مەزمۇنلار بىلەن ئېغىر سانلىق مەلۇماتلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ياخشى پىكىر.
ماقالە گەۋدىسىنى يېزىشتىن بۇرۇن بىر لايىھە تۈزۈپ ، سانلىق مەلۇمات، بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مىساللىرى ، ھېكايىلىرى ۋە ياكى نەقىللىرى بىلەن ئاممىباپ چۈشەندۇرۇشنىڭ دائىم ئالمىشىپ تۇرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. داڭلىق ئىلىم-پەن ماقالىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەرخىل بولىشى مۇمكىن، بەلگىلىك قېلىپنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ماقالە قۇرۇلمىسىدىكى ئىجادچانلىقمۇ قارشى ئېلىنىدۇ. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى **ئىدىيە، كۆز-قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشۈش سىلىق ۋە لوگىكىلىق** بولىشى ، ئوقۇرمەنلەرنى گاڭگىرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

**3. ماقالىنىڭ خۇلاسىسى** ( تېمىنىڭ مۇھىملىقى ياكى ئەھمىيتىنى تەكىتلەش)
ماقالىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى خۇلاسىلىگەندىن باشقا ، خۇلاسە قىسمى تېمىنىڭ مۇھىملىقى ياكى ئەھمىيتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى جاي. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئېنىق ئۇقۇمغا ئېگە قىلىپ قويۇش، تېمىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇھىملىقى ھەققىدە تەسىراتقا ئېگە قىلىش لازىم.

ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە ئېنژېنىرلىق ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، شۇڭا ماقالىدە بارلىق سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ھاجەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئورنىغا «مەزكۇر ساھەدە ئىلگىرىلەش بولدى» ، ياكى «كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى بايقاشلار يېقىنلاپ قالدى» دېگەندەك تەسىراتلارنى بېرىش تېخىمۇ پايدىلىق.

خۇلاسە قىسمىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنىڭ ماقالىنى ئوقۇشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ ئەرزىگەنلىكىنى، يەنى « ۋاقتىنى ياخشى ئۆتكۈزدۇم» دېگەننى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. باشقىچە ئېيتقاندا ، **ئوقۇرمەنلەر ماقالىنى ئوقۇغان ۋاقتىدىن رازى بولۇشى كېرەك .**
مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان خۇلاسە ئوقۇرمەنلەرنى بۇ توغرىلىق قوشۇمچە ئۈچۈرلارنى ئىزدەشكە ۋەياكى باھا يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## ئېلان قىلىنغان باشقا ئاممىباپ ماقالىلەردىن ئۈرنەك ئېلىش
يېڭى يېزىقچىلىق شەكلىنى ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئېلان قىلىنغان مىساللارنى تەتقىق قىلىش. ماقالىنى باشلاشتىن بۇرۇن بىر ياكى بىر قانچە ياخشى يېزىلغان بىر نەچچە پارچە ئىلىم-پەن ماقالىنى ئوقۇش.ماقالە ئوقۇش جەريانىدا ئالاھىدە قىزىقارلىق بىلىنگەن، ئاپتور (لار) نىڭ ئوقۇرمەننى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن قوللانغان ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئاندىن بۇ تېخنىكىلارنى ئۈرنەك قىلىپ پايدىلىنىش.